# ئۆتمۈشتىن سادالار

# مۇندەرىجە


بىرىنچى دەرس ..........خۇدا بىردۇر ..................1

ئىككىنچى دەرس .........ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا .........5

ئۈچىنچى دەرس .......ھابىل بىلەن قابىل ...............8

تۆتىنچى دەرس ........نۇھ پەيغەمبەر ..................11

بەشىنچى دەرس ..ئىبراھىم پەيغەمبەر خۇدانىڭ دوستى .... 13

ئالتىنچى دەرس .......مۇسا پەيغەمبەر .......... 15

يەتتىنچى دەرس .......داۋۇد پەيغەمبەر ...............18

سەككىزىنچى دەرس ....دىققەتنى قوزغايدىغان يەكۈن .... 21

توققۇزىنچى دەرس....تەڭدىشى يوق قۇتقۇزغۇچى 1ـ .... 24

ئونىنچى دەرس......تەڭدىشى يوق قۇتقۇزغۇچى 2ـ...... 29

ئون بىرىنچى دەرس .....گۇناھ .................... 36

ئون ئىككىنچى دەرس..... دۇئا ۋە ساۋاپ ئىشلار ......... 39

ئون ئۈچىنچى دەرس...كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەر ...........42

ئون تۆرتىنچى دەرس.......بىردىنبىر يول ...............45

# بىرىنچى دەرس
# خۇدا بىردۇر

خۇدا بىردۇر. بىردىن ئارتۇق ياراتقۇچى خۇدانىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. خۇدا يوق، دەپ داۋراڭ سېلىش ھاماقەتلىكتۇر. ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ مەۋجۇتلىقىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. دۇنيانىڭ بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. خىلمۇخىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنىڭ كەم-كۈتىسىز يارىتىلىشلىرى ئۇلارنى ياراتقان چەكسىز بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ياراتقۇچىمىز بولغان يېگانە خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلايدۇ.

تەۋرات مۇنۇ ئايەت بىلەن باشلانغان:
«ھەممىدىن بۇرۇن خۇدا پۈتۈن ئالەمنى ياراتتى». («يارىتىلىش» 1:1)(تەۋراتدىكى «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ 1-باب، 1-ئايىتى)

يەنى بىرىنچى كۈنى، خۇدا يورۇقلۇق بولسۇن، دەپ ئەمر قىلغانىدى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى. خۇدا يورۇقلۇقنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىدى ھەمدە يورۇقلۇقنى «كۈندۈز»، قاراڭغۇلۇقنى «كېچە» دەپ ئاتىدى. («يارىتىلىش» 1:3-5) (تەۋراتدىكى «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ 1-باب، 3-ئايىتىدىن 5- ئايىتىگىچە)

ئىككىنچى كۈنى، خۇدا سۇلارنى سۇلاردىن ئايرىدى ۋە ئاسماننى بارلىققا كەلتۈردى. («يارىتىلىش» 1:6-8)

ئۈچىنچى كۈنى، خۇدا ئاسماننىڭ ئاستىدىكى سۇلار بىر يەرگە يىغىلسۇن ۋە قۇرۇقلۇق كۆرۈنسۇن، دېدى ۋە شۇنداق بولدى. («يارىتىلىش» 1:9-14) شۇ كۈنى خۇدا يەنە پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتى.

تۆتىنچى كۈنى، خۇدا كېچە بىلەن كۈندۈزنى ۋە پەسىللەرنى بەلگىلەش ھەمدە يىل، ئاي، كۈنلەرنى ھېسابلاش ئۈچۈن قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاسمان گۈمبىزىگە ئورۇنلاشتۇردى. («يارىتىلىش» 1:15-19)

بەشىنچى كۈنى، خۇدا پۈتۈنلەي سۇدا ياشايدىغان ھايۋانلارنى ۋە ھاۋادا ئۇچىدىغان قۇشلارنى ياراتتى. («يارىتىلىش» 1:20ـ23)

ئالتىنچى كۈنى خۇدا ھايۋانات ۋە يەردە ئۆمىلەپ ماڭىدىغان ھەممە جانىۋارلارنى ياراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا خۇدا: «ئىنسانلارنى يارىتايلى»ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زېمىندىكى توپىدىن ئادەمنى ياساپ ئۇنىڭ بۇرنىغا ھاياتلىق نەپەسنى پۈۋلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەمگە جان كىردى. («يارىتىلىش» 1:24ـ27 ۋە 2:7)

دېمەك، بۇنداق گۈزەل بىپايان دۇنيانى پەقەت ھەممىگە قادىر خۇدا يارىتالايدۇ. خۇدا ھەقىقەتەن يەككە يېگانە بولۇپ، ئۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

خۇدا ھەققىدە تولۇق ساۋاتقا ئىگە بولۇشنىڭ ياخشى يوللىرىدىن بىرى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىشتۇر. بۇلار

تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. خۇدا ھەر يەردە ھەمىشە مەۋجۇتتۇر. ھېچكىم ئۆزىنى خۇدادىن يوشۇرالمايدۇ. ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھېچنەرسە يوقتۇر. داۋۇد پەيغەمبەر بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

> «سەندىن يوشۇرۇنۇپ نەگە بارالايمەن؟... ئاسمانغا چىقسام، سەن جەزمەن ئۇ يەردە، يەرگە كىرىۋالسام سەن يەنە ئۇ يەردە». («زەبۇر» 139:7ـ10)

2. خۇدا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ بىزنىڭ پۈتۈن ئوي-پىكىرلىرىمىزنى، سىرلىرىمىزنى بىلىدۇ. داۋۇد پەيغەمبەر يەنە شۇ «زەبۇر»دا مۇنداق دەيدۇ:

> «يىراقتا بولساڭمۇ، كۆڭلۈمدىكىنى ئۇقۇپ تۇرىسەن...
> ئېغىز ئاچمىسساممۇ، نېمە دەيدىغىنىمنى بىلىسەن». («زەبۇر» 139:2ـ4)

ئوي-پىكىرلىرىمىزنى كىشىلەردىن يوشۇرۇش ئاسان، لېكىن خۇدادىن

ھېچنەرسنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەندىن يوشۇرالامسىلەر؟ ئاسمان ۋە زېمىننى تولدۇرغان مەن ئەمەسمۇ؟» (تەۋرات: «يەرەمىيا» 24:23)

3. خۇدا ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ئۇ پەقەت ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئۇنى داۋاملىق ئىدارە قىلغۇچىدۇر. يەر شارىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئەنە شۇ خۇدادۇر. قۇياشنىڭ نۇر چېچىشى، يامغۇرنىڭ يېغىشىنىمۇ ئىدارە قىلىدىغان خۇدادۇر.

4. خۇدانىڭ مۇقەددىمىسى ۋە خاتىمىسى يوقتۇر. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولمىغىنىدەك، ئاخىرىمۇ ئەسلا بولمايدۇ.

«تاغلار بارلىققا كەلمەستىن، يەر يۈزى ۋە دۇنيا شەكىللەنمەستىن تارتىپ، ئەبەدىلئەبەد خۇدادۇرسەن». («زەبۇر» 2:90)

5. خۇدا ئادىلدۇر. ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشى توغرا ۋە ھەقتۇر.

«ئى، ھەممىگە قادىر رەببىم خۇدا، ئىشلىرىڭ ئۇلۇغ ۋە كارامەتتۇر. ئى، پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى، يولىلىرىڭ توغرا ۋە ئادىلدۇر» (ئىنجىل: «ۋەھىي» 3:15)

6. خۇدا مۇقەددەستۇر. مۇقەددەسلىك خۇدانىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خۇدا بەندىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئۇنى جازالايدۇ. يامان ئارزۇ، يامان سۆز ۋە يامان ھەرىكەتلىرىمىز گۇناھتۇر. خۇدا يامان ئىشلىرىمىزدىن يىرگىنىدۇ. ئۇ گۇناھدىن نەپرەتلەنگۈچى ۋە ياخشىلىقنى سۆيگۈچىدۇر.

7. خۇدا رەھىم قىلغۇچىدۇر. داۋۇد پەيغەمبەر بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى:

«ئى رەببىم، ئاقكۆڭۈل ۋە ئەپۇكارسەن؛ ساڭا دۇئا قىلغۇچىلارغا مېھىر-شەپقىتىڭنى ئايىمايسەن». («زەبۇر» 5:86)

خۇدا بىزنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىمىزدىن نەپرەتلىنىسىمۇ، بىزگە رەھىم قىلىدۇ.

8. خۇدا مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر. خۇدا ئۆيلىغان ۋە قىلغان ھەممە ئىش مېھىر-مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزى ياراتقان ھەممە ئىنساننى سۆيىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىر تەڭداشسىز ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. لېكىن خۇدا بىزنى سۆيسىمۇ، گۇناھلىرىمىزنى زادى سۆيمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ دۇرۇس ئادەم بولۇشىمىزنى خالايدۇ. مەيلى ئەر بولسۇن، ياكى ئايال بولسۇن ۋە ياكى كىچىك باللار بولسۇن، خۇدا ھەممە بەندىسىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن كۆپ سۆيۈشىنى خالايدۇ. بىز خۇدانى ھەقىقەتەن چىن قەلبىمىزدىن سۆيەمدۇق؟ ئۇ بىزنى ئىنتايىن چوڭقۇر سۆيىدۇ ۋە بىزنىڭ ئۆزى بىلەن يېقىن
مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزنى بەكمۇ خالايدۇ.

# ئىككىنچى دەرس
## ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلماي دۇنياغا كەلگەن تۇنجى ئەر، ئايالدۇر. ئۇلاردىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلۇش يولى بىلەن دۇنياغا كەلگەن. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان.

ئالەم يارىتىلىپ ئالتىنچى كۈنى، خۇدا تۇپراقتىن ئادەم ئاتىنى ياساپ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ھاياتلىق نەپسىنى پۈۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم تۇنجى ھايات ئىنسان بولدى. خۇدا بۇ ئىنساننىڭ ئىسمىنى «ئادەم» دەپ ئاتىدى.

خۇدا پۈتۈن ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئادەم ئاتىنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

«ئادەم ئاتا پۈتۈن ئۇچار-قانات ۋە ھايۋانلارغا ئىسىم قويدى». («يارىتىلىش» 2:20)

خۇدا ئادەم ئاتىنىڭ يالغۇز ياشىشىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ يارىتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئادەم ئاتىنى قاتتىق ئۇخلىتىۋەتتى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا، خۇدا ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ، ئۇنى گۆش بىلەن قاپلىدى ۋە بۇ قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن بىر ئايال ياراتتى. ئادەمئاتا ئۇنىڭغا «ھاۋا» دەپ ئىسىم قويدى.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى گۈزەل بىر باغقا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا:

«پەرزەنت كۆرۈپ كۆپىيىڭلار، ئەۋلادلىرىڭلار يەر يۈزىنى قاپلاپ، زېمىننى بويسۇندۇرسۇن. شۇنداقلا دېڭىز-ئوكياندىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ۋە پۈتۈن جانلىق مەخلۇقاتلارنى باشقۇرۇڭلار» دېدى. («يارىتىلىش» 1:28)

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ياشاۋاتقان بۇ باغدا ئىنتايىن-ئېسىل مېۋىلىك دەل-دەرەخلەر بار ئىدى. پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئادەم ئاتىغا:

«باغدىكى مېۋىلەرنى خالىغىنىڭچە يە، لېكىن ياخشى-يامانني پەرقلەندۈرىدىغان ئەقىل دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ھەرگىز يېمە، چۈنكى ئۇنى يېگەن كۈنۈڭ جەزمەن ئۆلىسەن» دېدى.

شەيتان ھەر خىل يامانلىقلارنىڭ، يالغانچىلىقلارنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ بوۋىسىدۇر. شۇڭا، ئۇ يىلان شەكلىگە كىرىپ ھاۋائانىغا:

«ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر. خۇدانىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، ئۇ، سىلەرنىڭ ئۇ مېۋىنى يېگەن ھامان كۆزۈڭلارنىڭ ئېچىلىپ ئۆزىگە ئوخشاش ياخشى-يامانني پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيدۇ» دېدى. («يارىتىلىش» 5:3)

ھاۋائانا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ شۇ قەدەر چىرايلىق، شىرىن ھەمدە ئەقىلنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇ مېۋىدىن ئېلىپ يېدى ئاندىن ئادەم ئاتىغىمۇ بىرنى ئېلىپ بەردى. ئۇمۇ يېدى. شۇنداق قىلىپ شەيتان ئۆز ھىيلىسى بىلەن ئۇلارنى ئازدۇردى.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا بۇ مېۋىلەرنى يېيىشى بىلەنلا كۆزلىرى ھەقىقەتەن ئېچىلىپ كەتتى ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى سەزدى. شۇڭا ئۇلار ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىدىن كىيىم ياساپ، تېنىنى ياپتى. ئۇلار بۇ مېۋىنى يەپ خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ سادىر قىلغىنى مانا شۇنداق گۇناھ ئىدى.
خۇدا ئۇلاردىن:

«نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى.
«مېنى يىلان ئازدۇردى، شۇڭا يېدىم» دەپ جاۋاب بەردى ھاۋائانا.

خۇدا يىلانغا:
«سېنى ئايال بىلەن دۈشمەن قىلىمەن. ئۇنىڭ نەسلى بىلەن سېنىڭ نەسلىڭمۇ دۈشمەنلىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ

نەسلى سېنىڭ بېشىڭنى يەنجىيدۇ، سەن ئۇنىڭ تاپىنىنى چاقىسەن». دېدى. («يارىتىلىش» 3:15)

خۇدا بۇ سۆزى بىلەن ئايالنىڭ نەسلىدىن شەيتاننى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئىنسانلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئازاب چېكىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ يالىڭاچ تېنىنى يېپىش ئۈچۈن ئۇلارغا تېرىدىن كىيىم تەييارلىدى. شۇنداق قىلىپ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھسىز بىر ھايۋانى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشقا توغرا كېلەتتى.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى گەپ ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى گۈزەل باغدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەمئاتا يېمەكلىك تېپىش ئۈچۈن يەر بىلەن ھەپىلىشىپ تەر ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىر كىشىنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىز ھەممىمىز گۇناھكار بولدۇق.

«گۇناھ بىر ئادەم ئارقىلىق، يەنى ئادەمئاتىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى بىلەن پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈممۇ گۇناھ ئارقىلىق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم پۈتكۈل ئىنسان ئىچىگە تارقالدى». (ئىنجىل: «رىملىقلارغا يازغان خەت» 5:12)

بىز ھەممىمىز ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز، بىز ھەممىمىز ئادەم ئاتىدەك خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلدۇق، توغرا ئىشلارنى قىلمىدۇق. خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تەييارلىغىنىدەك، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈنمۇ بىر قۇربانلىقنى تەييار قىلىشى كېرەكتۇر.

# ئۈچىنچى دەرس

## هابىل بىلەن قابىل

دۇنياغا تۇغۇلغان تۇنجى ئىنسان بىر ئوغۇل بالا بولدى. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا بۇ تۇنجى بالىسىغا قابىل، دەپ ئىسىم قويدى. كېيىن، ئىككىنجى ئوغلى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھابىل، دەپ ئاتىدى.

بۇ ئىككى قېرىنداش چوڭ بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان ئىشلاربىلەن شۇغۇللاندى. قابىل دېھقان، ھابىل بولسا پادىچى بولدى.

ئىشلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى قېرىنداش ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ۋە ھەقىقي خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشلەر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولدى. ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقتىن، خۇداغا بىر قۇربانلىق تەقدىم قىلىش قارارىغا كېلىشتى. لېكىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تەقدىم قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىدى. قابىل ئېتىزدا ئۆستۈرگەن كۆكتاتلىرىنى خۇداغا تەقدىم قىلماقچى بولدى. قابىلنىڭ تەقدىم قىلماقچى بولغان قۇربانلىقى بىر قاراشتا ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئىدى. چۈنكى ئۇ يەر چاناپ، ئۇرۇق چېچىپ، چىققان مەھسۇلاتلارنى يىغىۋالىدۇ. قابىل ئۆزى قىلغان بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغان ھالدا قۇربانلىقنى خۇداغا ئېلىپ باردى.

ھابىلنىڭ قۇربانلىقى بولسا، قېرىندىشىنىڭكىدىن تامامەن ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ قوي پادىسى ئىچىدىن دەسلەپتە تۇغۇلغان ئەڭ ياخشى قوزىلاردىن بىرنى تالاپ خۇداغا تەقدىم قىلدى. خۇدا ئۇنىڭ قۇربانلىقنى قوبۇل قىلدى. لېكىن قابىلنىڭ قۇربانلىقنى رەت قىلدى. چۈنكى، ھابىل خۇداغا ھاياتلىق، قابىل بولسا خاتا قۇربانلىق تەقدىم قىلغانىدى.

ھابىل ساداقەتمەنلىك بىلەن خۇداغا مۇۋاپىق قۇربانلىق تەقدىم قىلدى. قابىل بولسا، بۇنداق بىر ئىمان يولى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆز ئىشلىرىغا ئىشىنىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ماقۇللىقىغا مۇيەسسەر بولماقچى بولدى.

خۇدا ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، قابىلنىڭ قۇربانلىقىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، قابىل قېرىندىشى ھابىلغا ئىنتايىن ھەسەت قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. بىر كۈنى ئىككىسى سىرتتا يالغۇز سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتتا، قابىل قېرىندىشى ھابىلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەر يۈزىدىكى تۇنجى قاتىللىق مانا شۇنداق سادىر بولدى.

خۇدا قابىلنىڭ بۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدانىڭ بۇ قاتىلغا جازا بېرىشكە توغرا كەلدى. خۇدا قابىلغا قاتتىق لەنەت ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن قابىل كېيىنكى ھاياتىنى بۇ لەنەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

قابىل بىلەن ھابىل يېگانە خۇداغا ئىشىنەتتى. ھەر ئىككىلىسى خۇداغا ھەقىقىي ئىبادەت قىلاتتى. دېمەك، ئىنسانىنىڭ پەقەت خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھابىلغا ئوخشاش خۇدانى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا توغرا قۇربانلىق بىلەن يېقىنلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قابىلمۇ خۇداغا تەقدىم قىلىدىغان قۇربانلىقىنى توغرا تاللىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ خۇداغا ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتىنى تەقدىم قىلدى. ئۆز ئەمگىكىمىز بولسا، دىنىي ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىش، خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزگە ساۋاب توپلاش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ساخاۋەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى خاتا تاللاش، دەيمىز. شۇنداق ئىكەن بىزمۇ توغرا قارار قىلىشىمىز كېرەك. خۇداغا تەقدىم قىلىدىغان قۇربانلىقىمىزنىڭ تۈرىنى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. قابىلغا ئوخشاش بىزنىڭمۇ خۇداغا بىرەر ساۋاپلىق ئىشنى تەقدىم قىلىشىمىز مۇمكىن، شۇنداقلا، ھابىلدەك، خۇدا قوبۇل قىلىدىغان قۇربانلىقنىمۇ تەقدىم قىلالايمىز. شۇڭا خۇدانى خۇرسەن قىلىش، ئۇ خوپ كۆرىدىغان توغرا ۋە يېڭىلمەس يولغا مۇيەسسەر بولۇشىمىز كېرەكتۇر.

خۇدا بىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئىلىم-بېرىم قىلىشىمىزنى خالايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆز ئورنىمىزدا قۇربانلىق قىلىش ۋاستىسى بىلەن، ئۆزىگە يېقىنلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنكى دەرستە سۆزلەيدىغىنىمىزدەك، خۇدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتى بىلەن بىزگە بۇ ھەقىقىي قۇربانلىقنى يەتكۈزۈپ بەردى.
خۇدا سىزنى ئۆزىگە چاقىرىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقىي قۇربانلىقىڭىز ئارقىلىق

ئۇنىڭ ھوزۇرىغا پاك ھالدا كىرەلەيسىز.

# تۆتىنچى دەرس
## نۇھ پەيغەمبەر

### خۇدانىڭ ھۆكۈمنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن كىشى

نۇھ پەيغەمبەر ھابىل بىلەن قابىلدىن نەچچە يۈز يىل كېيىن ياشىغان. بۇ يىللاردا نەچچە مىڭلىغان ئىنسانلار دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بۇ ئىنسانلار ھەقىقىي خۇدادىن چەتنەپ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغانىدى. نۇھ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلگەندە ئىنسانلار ھەقىقەتەن ئازغان ئەھۋالدا بولۇپ، ئۇلار ئويلاپ يەتكۈسىز ئىنتايىن يامان گۇناھلارنى سادىر قىلىپ يولدىن چىققانىدى. «تەۋرات»تا بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز:

> «پەرۋەردىگار ئىنسانلارنىڭ رەزىللىكىنى، نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئادەمنى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا: ــ مەن ياراتقان ئىنسانلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن. شۇنداقلا ھايۋانات، قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە ئۇچار-قاناتلارنىمۇ يوق قىلىمەن. ئۇلارنى ياراتقانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن! ــ دېدى». («يارىتىلىش» 6:5-7)

شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئىنسانلارنى جازالاش قارارىغا كەلدى. ئۇ يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن غەرق قىلماقچى بولدى. لېكىن خۇدا نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقى ۋە ئېتىقادىنىڭ كامىللىقىدىن رازى ئىدى. شۇڭا خۇدا نۇھ پەيغەمبەرگە بىر كېمە ياساشنى ئەمر قىلدى. بۇ كېمىنى نۇھ پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى دەھشەتلىك پالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياسىماقچى بولدى.

لېكىن خۇدا ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ نەسلىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا نۇھ پەيغەمبەرگە ھەر خىل ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەركەك-چىشىسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدى. نۇھ پەيغەمبەر ئايالى، ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرىنى ئېلىپ كېمىگە چىقىۋېلىپ، توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. تۈرلۈك جانلىقلاردىنمۇ خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە بىر جۈپتىن كېمىگە ئەكىرىلدى. كېيىن، خۇدا ئىشىكنى ئۆزى تاقاپ قويدى. تۇۋۋا قىلمىغان ئىنسانلار بولسا، سىرتتا قالدى. خۇدا ئۇ

ئىنسانلارغا جازا بەردى. ئاسماندىن قاتتىق يامغۇر قۇيۇلدى، پۈتكۈل زېمىننى سەل باستى. لېكىن نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى سۇنىڭ كۆتىرىلىشى بىلەن يەردىن كۆتىرىلىپ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالدى. سۇ يەر يۈزىنى قاپلاپ، ئاسماننىڭ ئاستىدىكى ھەممە ئېگىز تاغ چوققىلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. سۇ يەر يۈزىنى بىر يۈز ئەللىك كۈن باستى. خۇدا يەر يۈزىدىكى ھەممە جانلىقلارنى، يەنى ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە ئۇچار-قاناتلارنى ھالاك قىلدى. پەقەت نۇھ پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ كېمىسىدىكىلەرلا ھايات قالدى.

خۇدا ئىنسانلارنى نېمە ئۈچۈن مۇنداق جازالىدى؟ چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، خۇداغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىغانلىقىدىن شۇنداق قىلدى. كېمىگە چۈشكەن كىشىلەرمۇ ئەسلىدە گۇناھكار ئىدى، لېكىن ئۇلار توۋا قىلىپ، خۇداغا ئىتائەت قىلىشنى خالىغانلىقى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن كېمىگە چۈشۈرۈلدى ۋە بۇ دەھشەتلىك ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. كېمە ئۇلار ئۈچۈن بىر پاناھ بولدى. خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەر بولسا، گۇناھلىرىغا توۋا قىلمىغانلىقلىرىدىن ھالاك بولۇشتى.

خۇدانىڭ ھۆكۈمى بولغان بۇ توپان بالاسى خۇدانىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا بەرگەن جازاسى ئىدى. كېمىدىكىلەر توپاننىڭ پۈتۈن دەھشىتىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن جازاغا ئۇچرىمىدى.

نۇھ پەيغەمبەر زامانىسىدا توۋا قىلمىغانلارنى جازالاش ئۈچۈن توپان بالاسىنى بەرگەن خۇدا ھازىرمۇ ئۆزىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلارنى جازالايدۇ ۋە جەھەننەمگە يوللايدۇ.

پۈتۈن ئىنسانلار خۇداغا قارشى گۇناھ سادىر قىلىش بىلەن گۇناھكار بولدى. سىزمۇ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكارسىز. نۇھنىڭ كېمىسىگە ئوخشاش پاناھ تاپالمىسىڭىز، خۇدانىڭ غەزىپى ۋە ھۆكۈمىگە ئۇچرايسىز. لېكىن خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ مۇشۇ زامانىمىزدىمۇ خۇدا بىز ئۈچۈن گۇناھنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر پاناھنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزگە ئۇنى ئاتا قىلدى. بىز پەقەت ئۇنىڭدىنلا نىجاتلىقنى تاپالايمىز. بۇ ھەقتە كېيىنكى دەرسلەردە توختۇلىمىز.

# بەشىنچى دەرس

## ئىبراھىم پەيغەمبەر خۇدانىڭ دوستى

خۇدا ئىبراھىمغا مۇنداق دېدى:

«مەن سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭنى كۆپەيتىمەن، ئۇلار بىر چوڭ دۆلەتنىڭ خەلقى بولىدۇ. مەن ساڭا بەخت تەقدىم قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن. كىشىلەر سەن ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ». («يارىتىلىش» 2:12)

ئىبراھىم پەيغەمبەر خۇداغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادى بىلەن تونۇلغانىدى. ئىبراھىم پەيغەمبەر خۇداغا بولغان سادىقلىقى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئاتاشقا ھەرۋاقىت ھازىر ئىكەنلىكى بىلەن كۆرسەتكەنىدى. «تەۋرات»تا بۇ ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان:

«خۇدا ئىبراھىمنى سىناپ، ئۇنىڭغا: - ئى ئىبراھىم، ھازىر ئوغلۇڭنى، يەنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان يالغۇز ئوغلۇڭ ئىسھاقنى كۆيدۈرىلىدىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە ماڭا تەقدىم قىل- دېدى. ئەتىسى سەھەردە ئىبراھىم قۇربانلىققا ئىشلىتىدىغان ئوتۇنلارنى تەييارلاپ، ئوغلى بىلەن ئىككى چاكىرىنى ئېلىپ، خۇدا كۆرسەتكەن جايغا قاراپ ماڭدى. ئۈچىنچى كۈنى ئىبراھىم ئۇ يەرنى يىراقتىن كۆردى ۋە چاكارلىرىغا،-سىلەر ئېشەكلەرنى تۇتۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بالام بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىپ كېلەي- دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالا ئىككىيلەن يۈرۈپ كەتتى. ئوغلى يولدا كېتىۋېتىپ دادىسىدىن، - دادا، ئوت بىلەن ئوتۇنغۇ بار، لېكىن قۇربانلىق قىلىدىغان قوزا قېنى؟-دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا، — ئى ئوغلۇم! قۇربانلىق قىلىدىغان قوزىنى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ،-دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئۇلار توختىماي ئالدىغا مىڭىۋەردى». («يارىتىلىش» 22- باب)

ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن ئوغلى خۇدا دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. ئىبراھىم پەيغەمبەر ئۇ يەردە قۇربانلىقنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن بىر ئورۇن

تەييارلىدى ۋە ئۇ يەرگە ئوتۇنلارنى دۆۋىلىدى، ئاندىن ئوغلىنى باغلاپ ئوتۇنلارنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى. ئىبراھىم ئوغلىنى بوغۇزلاي، دەپ تۇرۇشىغا، خۇدانىڭ پەرىشتىسى:

«ــ ئىبراھىم، بالىدىن قولۇڭنى تارت، ئۇنىڭغا تەگمە، ئەمدى بىلدىمكى سەن خۇدادىن قورقىدىكەنسەن، چۈنكى يالغۇز ئوغلۇڭنىمۇ خۇدادىن ئايىمىدىڭ»ــ دېدى.

ئىبراھىم پەيغەمبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، مۈڭگۈزى چاتقالغا ئىلىشىپ قالغان بىر قوچقارنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم پەيغەمبەر قوچقارنى ئوغلىنىڭ ئورنىدا خۇداغا قۇربانلىق قىلدى.

ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىنى قوچقار ئالدى. قوچقارنىڭ ئېقىتىلغان قېنى ئىسھاقنىڭ ئېقىتىلىدىغان قېنىنىڭ ئورنىنى باستى. ھېچقانداق گۇناھى بولمىغان قوچقار باشقا بىرسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، كونا ئەھدە بويىچە، گۇناھ سادىر قىلغۇچىلار گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشاتتى. مانا بۇ قۇربانلىقلار كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ۋە گۇناھسىز ياشايدىغان قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربان بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بېشارىتى ئىدى.

بىزمۇ گۇناھ سادىر قىلدۇق. خۇدا ھەرگىزمۇ بۇ گۇناھلىرىمىز ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ. خۇدا ئادىل ۋە مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن، سادىر قىلغان گۇناھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى چوقۇم جازالايدۇ. گۇناھلىرىمىزدىن تازىلانمىساق، خۇدا بىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا گۇناھىمىز بىلەن بارالمايمىز. شۇڭا، ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىنى قوچقار ئالغاندەك، گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان گۇناھسىز بىرىنىڭ بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ قۇربانلىق بىر ھايۋان بولماستىن، بەلكى ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان بىر ئادەم بولۇشى كېرەك. گۇناھكار بولغان بىر كىشى گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. گۇناھلىرىمىزنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن گۇناھسىز بىر قۇربانلىقنىڭ بولۇشى شەرت. خۇدانىڭ ئالدىدا قوبۇل بولالىشىمىز ئۈچۈن خۇدا تەقدىم قىلغان گۇناھسىز قۇتقۇزغۇچىغا تايىنىشىمىز كېرەك. كېيىنكى دەرسلەردە بىزنى ئىنتايىن سۆيۈپ، گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەن بۇ قۇتقۇزغۇچى بىلەن تونۇشىمىز.

# ئالتىنچى دەرس
## مۇسا پەيغەمبەر

### خۇداغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ داھىيسى

مۇسا پەيغەمبەر ھازىرغىچە ياشاپ ئۆتكەن داھىيلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرىدىن بىرىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز شۇ قەدەر زور خەلقنى ئىدارە قىلىپ، ھەرقانداق بىر چۆلدىن مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن مۇسا پەيغەمبەر مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنگەن بۇ ئىشنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. مۇسا پەيغەمبەر بۇ ئىشنى ئۆز كۈچى ۋە ئەقلى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن قۇدرىتى بىلەن ئورۇندىدى.

مۇسا پەيغەمبەر مىسىردا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسى مىسىرلىقلارغا قۇل بولغان ئىسرائىلىيەلىكلەردىن ئىدى. شۇ مەزگىللەردە، مىسىر خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پىرئەۋن قۇللارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. مۇسا تۇغۇلغاندا ئانىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ يوشۇرۇپ قويدى. لېكىن بالىسىنى ئۇزۇن يوشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئانىسى، بىر سېۋەت ياسىدى ۋە سېۋەتنى موم بىلەن سۇۋاپ، مۇسانى ئىچىگە سېلىپ دەرياغا قويىۋەتتى. بىركۈنى پىرئەۋننىڭ قىزى دەرياغا يۇيۇنغىلى كېلىپ، سۇدا ئېقىپ كەلگەن بىر سېۋەتنى كۆردى. ئۇ سېۋەتنى دەريانىڭ قىرىغا ئەپچىقىپ، ئىچىدە بىر بوۋاق بالىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بوۋاقنى قانداق قىلىشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بوۋاق ئۈچۈن بىر ئىنىكئانا تېپىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. پىرئەۋننىڭ قىزى بوۋاقنى قەسىرگە ئېلىپ باردى ۋە مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۇنىڭغا ئىنىكئانا بولۇشقا بەلگىلىدى.

مۇسا قەسىردە چوڭ بولدى. ئۇنىڭغا مىسىر بويىچە ئەڭ ئالىي تەلىم بېرىلدى. مۇسا پىرئەۋننىڭ قەسرىدە چوڭ بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئىسرائىلىيەلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

بىر كۈنى مۇسا پەيغەمبەر بىر مىسىرلىقنىڭ بىر ئىسرائىلىيەلىكنى ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان مۇسا پەيغەمبەر مىسىرلىقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى. لېكىن ئۇ خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، چۆلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە چۆلدە قىرىق يىل پادىچىلىق قىلدى.

بىر كۈنى مۇسا پەيغەمبەر چۆلدە قېيىنئاتىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىۋېتىپ، بىر چاتقاللىقنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ چاتقاللىقنىڭ كۆيۈپ تۈگىمىگىنىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران بولدى. ئۇ قاراپ بېقىش ئۈچۈن چاتقاللىققا يېقىن بارغىنىدا، بىرىنىڭ : «ئى مۇسا!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇسا پەيغەمبەر بۇ ئاۋازغا: «مانا مەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

خۇدا چاتقاللىقتىن مۇساغا: «ئەسىر بولغان خەلقىمنىڭ يىلىنىشلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سېنى پىرئەۋنگە ئەۋەتىمەن»-دېدى. مۇسا خۇداغا: «مەن پىرئەۋنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ قوللۇقىدىن قۇتقۇزالايدىغان قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟» دېدى. خۇدا: «مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن» دەپ، جاۋاب قايتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە، پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇللارنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پىرئەۋن مۇسانىڭ تەلىپىگە كۆنمەي، ئۇنىڭغا قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇ سەۋەبتىن خۇدا مىسىرلىقلارغا ھەر خىل ئاپەتلەرنى بەردى. يەنى شۇ جايدىكى پۈتۈن سۇنى قانغا ئايلاندۇرىۋەتتى. خەلقلەر پىت، چىۋىن، پاقا ۋە چېكەتكە ئاپەتلىرىگە ئۇچرىدى. مال-ۋارانلىرىنى كېسەل باستى، كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىنى يىرىڭلىشلىك جاراھەتلەر قاپلىدى، ئاسماندىن يوغان-يوغان مۆلدۈرلەر ياغدى. مانا بۇ ئاپەتلەرنى خۇدا مىسىرلىقلارغا پىرئەۋنىنىڭ تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى.

خۇدا مىسىرلىقلارغا مانا مۇشۇنداق ئاپەتلەرنى بەرسىمۇ، پىرئەۋن يەنە قاتتىق تۇرىۋالدى. بۇ قېتىم خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە مىسىردىكى بارلىق ئائىلىلەرنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسرائىلىيەلىكلەرگە ھەربىر ئائىلىنىڭ بىردىن قوزا بوغۇزلاپ قېنىنى

ئىشكىنىڭ ئىككى قانىتى ۋە كېشەكىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈشنى ئەمر قىلدى.

بۇ خۇدا بىلەن ئىسرائىلىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر يوشۇرۇن بەلگە ئىدى. خۇدا تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر ئائىلىگە بارغاندا، ئىشكىنىڭ ئىككى قانىتى ۋە كېشەكىنىڭ ئۈستىدىكى قاننى كۆرسە، بۇ ئىسرائىلىيەلىكلەر ئىكەن، دەپ ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ كېچىدە قان بەلگىسى بولمىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم بار ئىدى. چۈنكى قان دېگەن ھاياتلىق دېگەنلىكتۇر. ئىسرائىلىيەلىكلەر جانلىرىنى قۇربانلىق قېنى بىلەن قوغداپ، خۇدانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلدى.

ھەممىمىز ئۆلۈمگە مەھكۇممىز، چۈنكى ھەممىمىز گۇناھ سادىر قىلدۇق. «ئىنجىل»دە گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈم بولىدۇ، دەپ يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆلىمىز. گۇناھكار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دوزاخقا لايىقمىز. خۇدا ئېيتقان ئۆلۈم دوزاختۇر. لېكىن خۇدا دوزاختىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن يەنە بىر يولنى تەييارلاپ قويدى. ئۇ بولسىمۇ مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلغان ئىسرائىلىيەلىكلەردەك، بىزمۇ قۇربانلىق قېنىغا موھتاجمىز. پەقەت بۇ قان بىلەنلا خۇدانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالايمىز. قانداق بىر قۇربانلىق قېنىغا موھتاجلىقىمىزنى كېيىنكى دەرسلەردە سۆزلەيمىز.

# يەتتىنچى دەرس

## داۋۇد پەيغەمبەر

داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ خۇدا بىلەن ئىنتايىن يېقىن ۋە سەممىي ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ ئوچۇق-يورۇق ۋە سالماق كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى دەرھال تونۇپ ھەمدە بۇ خاتالىقىنى خۇداغا ئوچۇق ئاشكارىلىيالايدىغان خۇدانىڭ بەندىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلايتتى. داۋۇد پەيغەمبەر خۇدا ئۆزىگە ئاشكارىلىغان بۇ سىرلارنى مۇناجات (مەدھىيە) ئارقىلىق ئېيتاتتى. بېيتلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ، تارلىق چالغۇ ئەسۋاب ئارۋاق بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتاتتى.
داۋۇد پەيغەمبەر ئاسمانغا قاراپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ھاياجانلىنىپ تۆۋەندىكى بېيتنى يازدۇ.

8- زەبۇر
ئى رەب، پەرۋەردىگارىمىز،
پۈتۈن ئالەم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ئۇلۇغلۇقىڭنى!
ساڭا بولغان ھەمدۇسانالار ئەرشكە يەتتى.
تاماشا قىلىپ قوللىرىڭنىڭ ئىجادىيىتى بولغان كۆكنى،
ئۇ يەرگە جايلاشتۇرغان ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنى.
دەيمەنكى، ئىخ! ئىنسان قانچىلىك نېمە ئىدى،
سەن بۇنچىلىك ياد ئېتىپ ئۇنى!ئادەم نېمە ئىدى،
قىلىپ سەن ئۇنىڭغا غەمخورلۇقۇڭنى!

داۋۇد پەيغەمبەر كىچىك ۋاقتىدا دادىسىنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. ئۇ خۇدانىڭ قوغدىغۇچى ئىكەنلىكىنى، بىز ئىنسانلار بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقىنى تۆۋەندىكى بېيت بىلەن تىلغا ئالدۇ.

23- زەبۇر
رەب مېنىڭ قويچىم، توققۇزۇم تەلدۇر.
مېنى يۇمران چۆپلۈكلەردە ئارام ئالدۇرار،
سۈزۈك سۇ بويلىرىغا باشلاپ بارار.

ماگا يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلار.
ۋەدىسى بويىچە مېنى توغرا يولغا يېتەكلەر.
ئۆلۈم كۆلەڭگۈسى چۈشۈپ تۇرغان قاراڭغۇ جىلغىلاردىن
ئۆتسەممۇ، ئەمما بالا ـ قازادىن زادى قورقمايمەن،
چۈنكى سەن مەن بىلەن بىللە.
يادا تايىقىڭ بولغاچقا، ھېس قىلارمەن بىخەتەر.
دۈشمەنلىرىم ئالدىدا، ماڭا كەڭ داستىخان سېلىپ،
ھۆرمەتلىك مېھمان ئورنىدا كۈتەرسەن.
سېنىڭ شەپقىتىڭ ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىڭ
بىر ئۆمۈر مەن بىلەن بىللە بولغاچقا،
ھۇزۇرۇڭدا ياشايمەن ئەبەدىلئەبەد.

داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى پەۋقۇلئاددە بىر ھايات ئىدى. تۇۋا قىلىپ خۇداغا يۈزلىنىشنى بىلگەن داۋۇد پەيغەمبەر ئۆلۈمدىن كېيىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنەتتى. بىزچۇ؟ بىزمۇ شۇنداق ئىشەنچلىك ۋە مەڭگۈلۈك ئۈمىدكە ئىگىمۇ؟ ئەلۋەتتە، داۋۇد پەيغەمبەردەك بىزمۇ تۇۋا قىلىپ، خۇداغا يۈزلەنسەك، بۇنداق ئۈمىدگە ئىگە بولالايمىز. داۋۇد پەيغەمبەر خۇداغا يېلىنىپ:

«گۇناھلىرىمنى يۇيىدىغان قاننى بەدىنىمگە سېپىپ،
مېنى پاك قىلغايسەن، مېنى پاكىزە يۇيۇپ، قاردىنمۇ
ئاپئاق قىلغايسەن»دەپ يازىدۇ. («زەبۇر» 7:51)

داۋۇد پەيغەمبەر بېيىتلىرىدە كۆپ قېتىم ـ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ئازابىغا ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرداشلىق بەرگەن بىر كىشىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ بېيىتلەردىن بىرى مۇنداق:

22 ـ زەبۇر
يەرگە سېپىلگەن سۇدەك، كەتتى مادارىم،
ئايرىلدى ئۇگىلىرىدىن ئۇستىخانلىرىم،
مومدەك ئېرىدى ئىچ ـ باغرىمدا يۈرىكىم،
چاڭ باسقاندەك قۇرۇپ كەتتى گاللىرىم،
تامىقىمغا چاپلىشىپ قالدى تىللىرىم،

چۈنكى سەن ئۆلۈم تۇپرىقىغا مېنى تاشلىدىڭ.
بۇزۇقلار توپلىشىپ مېنى ئورىۋېلىشتى،
غالجىر ئىتلاردەك قىيىن قىستاققا ئېلىشتى،
ئۇلار مىخلىدى پۇت-قوللىرىمنى،
ئىسانىيالايمەن ئۇستىخانلىرىمنى،
رەقىبلەر چەكچەيتىپ كۆزلىرىنى،
بۆلۈشۋالدى كىيىم-كېچىكىمنى،
يېپىنچامغا چەكلەر تاشلاشتى.

داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ بېيىتىدە ئېيتىلغان بۇ ئادەم كىم بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ بېيىتلەردە داۋۇد پەيغەمبەر ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ بېشىغا بۇنداق ئىشلار كەلگەن ئەمەس. لېكىن ئۇ بۇ يەردە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بولىدىغان بىرىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. دەرسلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەن بۇ كىشىنى چوقۇم تېخىمۇ ئېنىق تونۇيالايمىز.

# سەككىزىنچى دەرس

## دىققەتنى قوزغايدىغان يەكۈن

ھازىرغىچە ئۆگەنگەن يەتتە دەرستىن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى بىلىۋالدۇق، ئەمدى بۇ دەرسلەرنى رەتى بويىچە بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقايلى.

بىرىنچى دەرس: خۇدا بىردۇر.
بۇ دەرستىن خۇدانىڭ دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقىنى ھەمدە خۇدانىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەندۇق. خۇدا رەھىمدىلدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزگە شەپقەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى دەرس: ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا
بۇ دەرستە بولسا خۇدانىڭ ئەمرىگە ئېتائەت قىلماي، گۇناھ سادىر قىلغان ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇدۇق. يەنە خۇدانىڭ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ يېپىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا يېپىنچىنى قانداق ئىلتىپات قىلغانلىقىنى بىلدۇق. رەھىمدىل خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىش ئۈچۈن گۇناھسىز بىر مالنى بوغۇزلىدى.

ئۈچىنچى دەرس: ھابىل بىلەن قابىل
بۇ دەرس بىزگە خۇدانىڭ بىزنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان قۇربانلىقنى توغرا تاللىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر ئاتىغان قۇربانلىقىمىز قابىلنىڭكىدەك بولسا، خۇدانى خۇرسەن قىلغىلى بولمايدۇ. قۇربانلىق ھابىلنىڭ قۇربانلىقىغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

ھابىل گۇناھسىز بىر قوزىنى توغرا نىيەت ۋە ئېتىقاد بىلەن تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن ھابىلنىڭ ئۆزى قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئورنىدا ئۆلىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچىغا ئېھتىياجى بارلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى دەرس: نۇھ پەيغەمبەر
نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى ئۇنى خۇدانىڭ جازاسىدىن ساقلايدىغان بىر

پاناھگاھ بولدى. بىزدىمۇ گۇناھقا قارشى بولغان، خۇدانىڭ جازاسىدىن ساقلىيالايدىغان بىر پاناھگاھ بولۇشى كېرەك.

بەشىنچى دەرس: ئىبراھىم پەيغەمبەر

بۇ دەرستە، ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا بىر قوچقارنىڭ قۇربانلىق قىلىنغانلىقىنى ئوقۇدۇق. بۇ قوچقار بىر بەدەل ئىدى. بىزمۇ گۇناھكار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر بەدەلگە ئېھتىياجىمىز.

ئالتىنچى دەرس: مۇسا پەيغەمبەر

بۇ دەرستە ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆلۈمدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى ئوقۇدۇق. ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگە قۇربانلىق قېنى سۈرتۈپ قويدى. بىزمۇ خۇدانىڭ جازاسىدىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچىنىڭ قېنىغا ئېھتىياجىمىز.

يەتتىنچى دەرس: داۋۇد پەيغەمبەر

بۇ دەرستە داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆلىدىغان بىر كىشى ئۈستىدە توختالغانلىقىنى ئوقۇدۇق. ئەگەر خۇدانىڭ بىزنى قوبۇل قىلىشىنى خالىساق، ئورنىمىزدا قۇربان بولىدىغان بىر كىشىگە ئىنتىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ كىشى خۇدانىڭ ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە مۇقەددەسلىكى بىلەن خۇدانى رازى قىلالايدىغان بىر كىشى بولۇشى كېرەك.

بۇ كىشى ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا (ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاندىن) ئىلتىپات قىلىنغان يېپىنچىغا ئوخشاش گۇناھلىرىمىزنى يېپىشى كېرەك.
بۇ كىشى ھابىلنىڭ خۇداغا قىلغان قۇربانلىقىدەك خۇداغا لايىق بولۇشى كېرەك.بۇ كىشى نۇھ ئائىلىسى پاناھلانغان كېمىگە ئوخشاش، ئىنسانلار پاناھلىنالايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك.

بۇ كىشى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا كەلگەن قوچقاردەك بىر بەدەل بولۇشى كېرەك.

بۇ كىشى داۋۇد پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقىنىدەك، گۇناھكارلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنغان، خارلانغان، پۇت-قوللىرى مىخلانغان بىر كىشى بولۇشى كېرەك.

تەۋرات ۋە زەبۇرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئالدىن بېشارەتلەر بېرىلگەن بۇ كىشى زادى كىم بولۇشى مۇمكىن؟

يۇقىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى تولۇق تەپسىلاتلىرى بىلەن ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پەقەت بىرلا كىشى بار. بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى دەرسلەردە كۆرىمىز. ئۇ كىشى توغرىلىق تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولسىڭىز، دەرسلەرنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

# توققۇزىنچى دەرس
## تەڭدىشى يوق قۇتقۇزغۇچى

### 1 ـ قىسىم

ئادەتتە ئەقىللىق ئادەملەر كەلگۈسى توغرىسىدا ئاسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆز مۆلچەرلىرىنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ ئېيتىدۇ. خۇسۇسەن يىراق كەلگۈسىدىكى ھادىسىلەرنى قورقماي ئوچۇق ئېيتىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئازدۇر. ھەتتا ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىدىغان مەلۇماتلار ئىلمىي ھېسابلارغا ئاساسلانسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى كۈنىدىكى مۆلچەر ھەمىشە توغرا چىقىۋەرمەيدۇ.

زامان ۋە ماكان جەھەتتىن چەكلەنمەيدىغان مەڭگۈلۈك خۇدا كەلگۈسىدىكى ھادىسىلەرنى ئېنىق ـ ئېيتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنسانلارنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەڭدىشى يوق بىر قۇتقۇزغۇچىنى دۇنياغا ئەۋەتەتتى. خۇدا ئۇنىڭ كېلىشىگە مۇۋاپىق بىر مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىلا تەپسىلىي ئۇقتۇرغان. خۇدانىڭ بۇنداق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم بىر مەقسىتى بار. قۇتقۇزغۇچى كەلگەندىن كېيىن ھەربىر كىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن : «ئەجەبا، بۇ كىشى ھەقىقەتەن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىمىدۇ؟» دەپ سورىشى تەبىئىي. شۇڭا، خۇدا بۇ ھەقتە توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى ئويلايدىغان ھەربىر سەمىمىي ئادەم ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر ئىسپات ھازىرلىغانىدى.

كېلىدىغان بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى باشتىلا ئېيتىلغىنىدەك، بىز بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئالدىنقى دەرسلەردە سۆزلەنگەن بېشارەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ دەل ئەيسا مەسىھ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

خۇدا كەلگۈسىدىكى ھادىسىلەردىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ قۇتقۇزغۇچىنى تاللىدى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇھىت ھازىرلىدى. خۇدا پەيغەمبەرلەرگە ئىلھام بېرىپ، كەلگۈسىدىكى بۇ ھادىسىلەرنى مۇقەددەس كىتابقا يازدۇردى. بىز بۇگۈن

بۇلارنى مۇقەددەس كىتابنىڭ كونا ئەھدە قىسمىدا، يەنى تەۋرات ۋە زەبۇر قىسىملىرىدا ئۆگىنىمىز.

ھەزرىتى ئەيسا دۇنياغا كېلىشتىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان ۋە قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىدىن بېرىلگەن بېشارەتلەردىن بىر نەچچىسىنى بۇ يەردە مىسلغا ئېلىپ، بۇلارنى ئەيسانىڭ ھاياتىدىكى پائالىيىتى بىلەن سېلىشتۇرساق سىز شۇنى كۆرىۋالالايسىزكى ئەيسانىڭ ھاياتى نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا يېزىلغان بېشارەتلەرگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشايدۇ ھەمدە ئەيسا دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ تەۋرات ۋە زەبۇردىكى بۇ بېشارەتلەرنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، بىز ئەيسا خۇدا بۇرۇنلا ئەۋەتمەكچى بولغان قۇتقۇزغۇچى، دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىمىز.

1. قۇتقۇزغۇچى بىر پاك قىزدىن تۇغۇلىدۇبېشارەت:
كونا ئەھدىنىڭ «يەشايا» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 700 ـ يىللار)، 7ـباب، 14ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«رەب ئۆزى سىلەرگە بىر ئالامەت كۆرسىتىدۇ: بىر نىكاھلانمىغان قىز ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ ھەمدە ئوغۇلغا «ئىممانۇئېل» (ئىبراني تىلىدا خۇدا بىز بىلەن بىللە) دەپ ئىسىم قويىدۇ».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:
ئىنجىلنىڭ «لۇقا» قىسمى، 1ـباب، 30ـ، 31ـ، 34ـ، 35ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«جەبرائىل ئۇنىڭغا:
ـ ئى مەريەم، قورقمىغىن. سەن خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتىڭ. سەن ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا قويغىن، ـ دېدى.
ـ مەن ياتلىق بولمىغان تۇرسام، بۇ ئىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ـ دەپ سورىدى مەريەم پەرىشتىدىن.
ـ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشىدۇ، ئۇلۇغ خۇدانىڭ قۇدرىتى ساڭا سايە بولۇپ يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا، سەندىن تۇغۇلىدىغان مۇقەددەس پەرزەنت خۇدانىڭ ئوغلى، دەپ ئاتىلىدۇ،ـ دېدى پەرىشتە»

2. قۇتقۇزغۇچى پەلەستىنىڭ يەھۇدىيە رايونىدىكى بەيتلەھەم دېگەن كىچىك بىر شەھەردە تۇغۇلىدۇ.
بېشارەت:
كونا ئەھدىنىڭ «مىكا» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 700-يىللار)، 5-باب، 2-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئەي ئېفراتا دىيارىدىكى بەيتلەھەم! سەن يەھۇدىيەدە كىچىك شەھەرسەن، لېكىن مەن سەندە بىر ھۆكۈمدار پەيدا قىلىمەن».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:ئىنجىلنىڭ «لۇقا» قىسمى، 2-باب، 4-، 5-، 6-، 7- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ داۋۇدنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان يۈسۈپمۇ جەلىلىيە ئۆلكىسىدىكى ناسىرە شەھىرىدىن ئايرىلىپ، يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكى پادىشاھ داۋۇدنىڭ يۇرتى بەيتلەھەم شەھىرىگە باردى. ئۇ نىكاھلىنىشقا دېيىشىپ قويغان مەريەمنىمۇ بىللە ئېلىپ تىزىملاتقىلى باردى. مەريەم بولسا ھامىلىدار ئىدى. ئۇلار بەيتلەھەم شەھىرىدىكى ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ قالدى. بىراق سارايلاردا ئۇلارغا تۇرغۇدەك ئورۇن بولمىغاچقا، بىر ئات ئېغىلىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مەريەم شۇ يەردە تۇنجى ئوغلىنى تۇغۇپ، ئۇنى لاتىغا زاكىلاپ، ئاتنىڭ ئوقۇرىغا ياتقۇزۇپ قويدى».

3. قۇتقۇزغۇچى خەلققە تەلىم بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن بۇرۇن ئىلگىرى يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ، ئۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قۇتقۇزغۇچى ھەققىدە شاھىتلىق قىلىدۇ.
بېشارەت:
كونا ئەھدىنىڭ «مالاكى» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 400-يىللار)، 3-باب، 1-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«رەب شۇنداق دېدى: يوللىرىمنى ھازىرلىسۇن، دەپ ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن. ئاندىن كېيىن سىلەر ئىزدىگەن رەب ئۆزى مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ؛ سىلەر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئەلچى كېلىپ مېنىڭ ئەھدەمنى جاكارلايدۇ».

كونا ئەھدىنىڭ «يەشايا» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 700-يىللار)، 40-باب، 3-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاڭلاڭلار، بىرسى باياۋاندا:- رەبگە يول تەييار قىلىڭلار؛ چۆلدە رەبىمىزنىڭ يوللىرىنى تۈز قىلىڭلار،- دەپ توۋلىدى».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:

ئىنجىلنىڭ «ماركوس» قىسمى، 1-باب، 4-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا باياۋاندا پەيدا بولۇپ، كىشىلەرگە: -سىلەر ئۆز گۇناھلىرىڭلارغا تووۋا قىلىساڭلار ۋە چۆمۈلۈشنى قوبۇل قىلساڭلار، خۇدا سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ،- دەپ جاكارلىدى».

ئىنجىلنىڭ «لۇقا» قىسمى، 3-باب، 15-، 16- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«خەلق «مەسىھ» دەپ ئاتالغان قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ھەممىيلەن يەھيا پەيغەمبەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە، قۇتقۇزغۇچى مۇشۇ كىشىمىدۇ؟ دەپ ئويلاشتى. شۇڭا، يەھيا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە ئۇلارغا: -مەن سىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈردۈم، لېكىن مەندىن كېيىن تېخىمۇ ئۇلۇغ بىر كىشى كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا قۇل بولۇشقىمۇ لايىق ئەمەسمەن. ئۇ سىلەرنى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرىدۇ ھەم ئالتۇننى ئوتتا تاۋلىغاندەك، سىلەرنى تاۋلايدۇ، - دېدى».

ئىنجىلنىڭ «يۇھاننا» قىسمى، 1-باب، 29- ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەتىسى، يەھيا پەيغەمبەر ئەيسانىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: مانا، بۇ، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى تۆگىتىش ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدىغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر!»

يەھيا قۇتقۇزغۇچى ھەققىدە شاھىتلىق قىلغاندىن كېيىن، قۇتقۇزغۇچى رەب ئەيسا پەلەستىن رايونىنى ئايلىنىپ، كېسەللەرنى ساقايتىپ، نىجاتلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ ئىش ئارقىلىق بىز يەنە نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى كونا ئەھدىدە يېزىلغان

خۇدانىڭ كالامىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى ئىنجىلدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئىككى پارچىدىن چۈشىنەلەيمىز.

ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 4-باب، 13-، 14-، 15-، 16-- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇ ناسرەدە تۇرماي، زەبۇلۇن ۋە نافتالى دىيارىدىكى جەلىلىيە كۆلى بويىدىكى كەپەرناھۇمغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن يەشايا پەيغەمبەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىسپاتلاندى. زەبۇلۇن ۋە نافتالى دىيارلىرى، ئىئوردان دەرياسى تەرەپتىكى دېڭىز بويى، يات قەبىلىلەرنىڭ جەلىلىيەسى! قاراڭغۇلۇقتا ياشىغان خەلق، پارلاق نۇرغا چۆمگۈسى؛ زاۋال باسقان دىيار خەلقى پارلاق قۇياش نۇرىنى كۆرگۈسى».

بۇ سۆز «تەۋرات»تا، يەنى «يەشايا» قىسمى، 9-باب،1-، 2- ئايەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 8- باب، 15-، 16-، 17- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەيسا ئۇ ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ كەتتى، ئۇ ئايال دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەيسانى كۈتۈشكە باشلىدى. كەچقۇرۇن كۈن پېتىش ۋاقتىدا، كىشىلەر جىن چاپلاشقان نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەيسا بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇلاردىكى جىنلارنى قوغلىۋەتتى ۋە بىمارلارنىڭ ھەممىسىنى ساقايتتى. بۇنىڭ بىلەن، يەشايا پەيغەمبەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان، -ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئۇ كۆتۈردى، كېسەللىرىمىزنى ئۈستىگە ئالدى- دېگەن سۆزى ئىسپاتلاندى».
بۇ سۆز تەۋراتنىڭ «يەشايا» قىسمى، 53- باب، 4- ئايىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

بۇ دەرستىن بىز قۇتقۇزغۇچىنىڭ ھەزرىتى ئەيسا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۆجىزە بىلەن دۇنياغا كېلىشىنى ۋە تەڭدىشى يوق ھاياتىدىن پارچىلارنى كۆردۇق. كېيىنكى دەرستە ھەزرىتى ئەيسا توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپرەك توختىلىمىز.

# ئونىنچى دەرس

## تەكشى يوق قۇتقۇزغۇچى
### 2- قىسىم

ھەزرىتى ئەيسا خۇدا دۇنياغا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىدۇر. ئالدىنقى دەرستە كۆرگىنىمىزدەك، ئۇ ئىنسانلارغا نىجاتلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن، بىمارلارنىڭ ئۇچىسىغا شەپقەتلىك قوللىرىنى تەگكۈزۈپ قويۇش بىلەن ئۇلارنى ساقايتقان ھەمدە گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلغانلارنى ئەپۇ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەيسا يەنە تەۋرات ۋە زەبۇردا يېزىلغان بېشارەتلەردىن ۋە خۇدانىڭ ئۆزىگە توغرىدىن-توغرا ئېيتقانلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى (مەسىھ — تەۋرات ۋە زەبۇردىكى كۈتۈلگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ نامىدۇر) شاگىرتلىرىغا ئېيتقىنىدا يەنە:

«چۈنكى خۇدا تاللىغان قۇتقۇزغۇچى نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى كېرەك. ئاقساقاللار، ئالىي روھانىيلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى ئۇنى رەت قىلىپ، ئۆلتۈرگۈزىدۇ. لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئۇ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدۇ!» دېگەنىدى. («لۇقا» 9- باب، 22- ئايەت)

تەۋرات ۋە زەبۇردا قۇتقۇزغۇچى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى توغرىسىدا 25 يەردە ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇ دەرستە ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنىلا كۆرىمىز.

1. قۇتقۇزغۇچى بىر شاگىرتى تەرىپىدىن 30 كۆمۈش تەڭگە ئۈچۈن سېتىۋېتىلىدۇ. بۇ پۇل بىر خۇمدانچىغا بېرىلىدۇ. بۇ ئېلىم-سېتىم خۇدانىڭ ئۆيى بولغان ئىبادەتخانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بېشارەت:

كونا ئەھدىنىڭ «زەبۇر» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 1000 -يىللار)، 41-باب، 9-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«نېنىمنى يېگەن ۋە مەن ئىشەنگەن يېقىن دوستۇممۇ ماڭا ئۆكچىسىنى كۆتۈردى».

كونا ئەھدىنىڭ «زەكەرىيا» قىسمى (مىلادى 500-يىللار)، 11-باب، 11-، 12-، 13- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مەن ئۇلارغا، ئەگەر خالىساڭلار، تاپان ھەققىنى ماڭا بېرىڭلار. خالىمىساڭلار، بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىڭلار! - دېدىم. ئاخىرى ئۇلار تاپان ھەققىم ئۈچۈن 30 كۆمۈش تەڭگىنى بەردى. رەب ماڭا، ئۇنى، يەنى ئۇلار ماڭا بېرىشقا تېگىشلىك، دەپ قارىغان بۇ،-زور مىقداردىكى پۇلنى- خۇمدانچىغا بېرىڭ، - دېدى. بۇنىڭ بىلەن مەن بۇ 30 كۆمۈش تەڭگىنى مەركىزىي ئىبادەتخانىدا خۇمدانچىغا بەردىم».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېاللىققا ئايلىنىشى:

ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 26-باب، 3-، 4-، 14-، 15- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇ چاغدا باش روھانىيلار ۋە يۇقىرالار ئىچىدىكى ئاقساقاللار قىياپا ئىسىملىك بىر باش روھانىينىڭ سارىيىدا جەم بولۇشتى. ئۇلار ئەيسانى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتى».

«ئەيسانىڭ ئون ئىككى شاگىرتىدىن بولغان يەھۇدا ئىشكەرىيوت ئىسىملىك بىرى باش روھانىيلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: -ئۇنى تۇتۇپ بەرسەم، ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟- دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئوتتۇز كۆمۈش تەڭگە بەردى».

ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 27-باب، 3-، 4-، 5-، 6-، 7-، 8- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ باش روھانىيلار بىلەن ئاقساقاللارغا ئوتتۇز كۆمۈش تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، -مەن بىگۇناھ بىر جانغا زامىن بولۇپ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم- دېدى. -بۇ سىنىڭ ئىشىڭ، بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟- دېيىشتى روھانىيلار.
يەھۇدا پۇللارنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە چېچىۋېتىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.
پۇللارنى يىغىۋالغان باش روھانىيلار،

ـقان پۇلى بولغان بۇ تەڭگىلەرنى ئىبادەتخانىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇش توغرا بولمايدۇ ـ دېيىشتى. كېيىن ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پۇلغا ياقا يۇرتلۇقلارغا قەۋرىستانلىق قىلىش ئۈچۈن خۇمدانچىنىڭ بىر پارچە يېرىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر ھازىرغىچە «قانلىق يەر»، دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە».

2. قۇتقۇزغۇچى يامان ئادەملەر تەرىپىدىن كرېستقا مىخلانغىنىدا ئۇ بۇ يامان ئادەملەر ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

بېشارەت:

تەۋراتنىڭ «يەشايا» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 700ـ يىللار)، 53ـباب، 12ـئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇربان بولۇپ، گۇناھكارلارنىڭ تەقدىرىگە ئورتاقلاشتى؛ خەلقنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:

ئىنجىلنىڭ «لۇقا» قىسمى، 23ـباب، 33ـ، 34ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدىكى «باش سۆڭەكسىمان تۆپىلىك» دەپ ئاتالغان جايغا بېرىپ، ئۇ يەردە ھەزرىتى ئەيسانى كرېستقا مىخلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى جىنايەتچىنىڭ بىرىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئوڭ يېنىدىكى كرېستقا، يەنە بىرىنى سول يېنىدىكى كرېستقا مىخلىدى.

ھەزرىتى ئەيسا:

ـ ئى ئاتا، ئۇلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ـ دېدى».

3. ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەندە مۇقەددەس خۇدا قۇتقۇزغۇچىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

بېشارەت:

كونا ئەھدىنىڭ «زەبۇر» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 1000ـيىللار)، 22ـباب، 1ـ، 2ـ، 3ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاھ خۇدا! ئاھ خۇدا! مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟ ...ئى خۇدا، كېچە ـكۈندۈز چاقىرسام، ھە دېمەيسەن؛ ... سەن بولساڭ

مۇقەددەستۇرسەن، ئىسرائىلىيەنىڭ مەدھىيە نىشانىسەن».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:
ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 27-باب، 46-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«سائەت ئۈچلەردە ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، -ئەلى، ئەلى، لەمە شەۋاتتانى؟- يەنى، -خۇدا، خۇدا، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟- دەپ ۋارقىرىدى».

4. قۇتقۇزغۇچى كرېستقا مىخلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئەيسانىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە چەك تاشلىشىدۇ.
بېشارەت:
كونا ئەھدىنىڭ «زەبۇر» قىسمى (مىلادىدىن ئىلگىرى 1000- يىللار)، 22-باب، 16-، 17-، 18- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئۇلار مىخلىدى پۇت-قوللىرىمنى، سانىيالايمەن ئۇستىخانلىرىمنى، رەقىبلەر چەكچەيتىپ كۆزلىرىنى، بۆلۈشۈۋالدى كىيىم-كېچەكلىرىمنى، يېپىنچامغا ھەم چەكلەر تاشلاشتى».

(ئىزاھات: مىلادىدىن ئىلگىرى 1000 -يىلى كرېستقا مىخلاش تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ كونا ئەھدىدىكى «زەبۇر»نىڭ 22-بابىدا ئەيسانىڭ كرېستقا مىخلىنىش ئەھۋالى ھەمدە ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ مىخلانغانلىقىدىن بەدىنىدە بولىدىغان يارىلار تەپسىلىي يېزىلغان)

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى:
ئىنجىلنىڭ «يۇھاننا» قىسمى، 19-باب، 23-، 24- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«لەشكەرلەر ھەزرىتى ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ، تۆتكە بۆلۈپ، ھەربىرى بىر ئۈلۈشتىن ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان ئۇزۇن كۆڭلەكنىمۇ ئېلىشتى. بۇ كۆڭلەك تىكىلمىگەن بولۇپ، ئۈستىدىن ئاستىغا بىر يۈرۈش توقۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر بىر-بىرىگە:— بۇنى يىرتماي چەك تارتىشايلى، كىمگە چىقسا شۇ ئالسۇن- دېيىشتى».

5. قۇتقۇزغۇچىغا ئۆت بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۈزۈم شارابى ئىچىرىلىدۇ.

بېشارەت:
كونا ئەھدىنىڭ «زەبۇر» قىسمى، 69-باب، 21-ئايىتىدە مۇنداق بېشارەت بېرىلگەن:

«قورسىقىم ئاچسا ئۆت ئارىلاشتۇرغان تاماق بەردى، ئۇسسىسام ئاچچىق ئۈزۈم شارابى ئىچۈردى».

بۇ بېشارەتنىڭ ئەيسانىڭ ھاياتىدا رېئاللىقا ئايلىنىشى:
ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 27-باب، 34-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەيساغا ئىچىش ئۈچۈن ئۆت ئارىلاشتۇرغان شاراب بەردى. ئەيسا بۇنى تېتىپ كۆرۈپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى».

ئىنجىلنىڭ «يۇھاننا» قىسمى، 19- باب، 28-، 29-، 30- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەزرىتى ئەيسا ھەممە ئىشلىرىنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلدى. ئاندىن -ئۇسسىدىم!-دېدى.بۇنىڭ بىلەن زەبۇردا يېزىلغان سۆزلەر ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئۇ يەردە ئەرزان ئۈزۈم شارابى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر كۈپ بار ئىدى. ئۇلار ئۈزۈم شارابىغا چىلانغان بىر پارچە بۇلۇتنى لىپەككۈل غولىغا باغلاپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاغزىغا ئۇزاتتى، ھەزرىتى ئەيسا ئۈزۈم شارابىنى تېتىغاندىن كېيىن :-ھەممە ئىشلار تاماملاندى!-دەپ، بېشىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ روھىنى تاپشۇردى».

ئەيسانىڭ جەسىتىنىڭ ئادەت بويىچە گۇناھكارلارنىڭكى بىلەن بىرلىكتە بىر جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلماي، بىر باي ئادەم تەرىپىدىن خۇسۇسىي قەبرىگە قويۇلۇشى يەنە باشقا بىر بېشارەتنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى تەستىقلىدى (كونا ئەھدىنىڭ «يەشايا» قىسمى، 9- باب، 53- ئايەت). رېئاللىقا ئايلىنىشى بولسا، ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمى، 27-باب، 57-، 58-، 59-، 60- ئايەتلىرىدە ئۇچرايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بۇ زور ۋە-ئېچىنىشلىق بىر يوقىتىش ئىدى. چۈنكى قۇتقۇزغۇچى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭغا باغلانغان پۈتۈن ئۈمىدلەر بىكار بولغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدسىزلىكى ئۆزلىرىنىڭ

بىلىمسىزلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئىنسانلار خۇدا يەشايا پەيغەمبەرگە ۋەھىي قىلغان بېشارەتنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى چۈشىنەتتى. بۇ بېشارەتتە قىسقىچە شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن يارىلانىدى..... رەب ھەممىمىزنىڭ گۇناھىنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى... رەب شۇنداق دېدى: ئۇنىڭ قايغۇ-ئەلەمگە ئۇچرىشى مېنىڭ ئىرادەم؛ ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ». («يەشايا» 53- باب، 5-، 6-، 10- ئايەتلەر) بىز بۇ بېشارەتتىن تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالىمىز:

1. ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتتى.
2. ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىر يوقىتىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ نىجاتلىق پىلانىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئىدى.
3. ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدۇ. (دېمەك، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ!)

بۇ ئۈچ ھەقىقەتنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى ئىنجىلدىن كۆرەلەيمىز. ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئىلگىرى سىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمدا ئېيتقانىدىم. مەن، تەۋراتتىكى مۇسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى، ھەتتا زەبۇر كىتابىدا بايان قىلىنغان ماڭا دائىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن ئەمەسمىدىم؟

ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى: - «تەۋرات»تا مۇنداق ئىشلار خاتىرىلەنگەن: «خۇدا ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ. «گۇناھلىرىغا تۇۋۋا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دېگەن خۇش خەۋەر مېنىڭ نامىمدىن يېرۇسالېمدىن باشلاپ پۈتۈن ئەللەرگە تارقىلىدۇ». («لۇقا» 24- باب، 45-، 46-، 47- ئايەتلەر)

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن خۇدانىڭ ئالدىدا جاۋابكارسىز. سىز ئەيسانىڭ ئورنىڭىزدا ئازاب چېكىپ ئۆلگەنلىكىنى، سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزغا بېرىلىدىغان جازانى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدىڭىز. سىزگە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن رەب ئەيسانىڭ نامىدا تۇۋۋا قىلىش جاكارلانىدى. تۇرغان يېرىڭىزدا

گۇناھلىرىڭىزغا توۋا قىلىشىڭىز كېرەك ۋە ئەيسانىڭ نامىدا ئۇلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى خۇدادىن يىلىنىپ تەلەپ قىلىشىڭىز لازىم.

# ئون بىرىنچى دەرس

## گۇناھ

گۇناھ بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىزدۇر. ئاخىردا ئۇ بىزنىڭ خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماسلىقىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەڭگۈ ھالاك بولماسلىق ئۈچۈن ھاياتلىقتا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىزدىنىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان بىردىنبىر نەرسە گۇناھلاردىن قۇتۇلۇشتۇر. چۈنكى، ئۆلۈم ھەمىشە بىزنى كۈتمەكتە. ئەگەر گۇناھلىرىمىز ئەپۇ قىلىنمىسا، ئىشىنىڭكى، خۇدا بىزنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنجىلدا ئوچۇق كۆرستىلگەنكى، گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھ ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

## گۇناھ دېگەن نېمە؟

خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن چېقىشالمايدىغان ھەر خىل ئوي-پىكىر، ئارزۇ ۋە تەلەپلەر گۇناھ دېيىلىدۇ. بۇلارغا ھاياتىمىزدىن ئورۇن بەرسەك گۇناھ سادىر قىلغان بولىمىز. دېمەك، تامامەن پاك ۋە ئۇلۇغ خۇداغا لايىق بولمىغان ھەرقانداق ئىش گۇناھ بولىدۇ. خۇدا ئەڭ ئۇلۇغدۇر. ئۇ پۈتۈن ئۇلۇغ قانۇنىيەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. پەقەت ياخشى-يامان ھەرىكەتلىرىمىزگە ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئاساسەن ئۆزىمىزنى سىناپ كۆرۈشىمىز كېرەك. خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكىنى مۇقەددەس كىتابتىن كۆرەلەيمىز. خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزىگە زىت ياشىغىنىمىزدا گۇناھ سادىر قىلغان بولىمىز. زىناخورلۇق، ئىپلاسلىق، دۈشمەنلىك، ئىنتىپاقسىزلىق، كۆندەشلىك، غەزەپلىنىش، جېدەلخورلۇق، نىكاھتىن ئاجرىشىش، ھەسەتخورلۇق، ھاراقكەشلىك قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدىغان گۇناھلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## گۇناھ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ روھى ھالىتى قانداق بولىدۇ؟

خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتابىدا شۇنداق يېزىلغان:
«ھەممە ئادەم يولدىن ئازدى، تەڭلا يارامسىز بولۇپ قالدى، ياخشىلىق قىلغۇچى يوق، بىرىمۇ يوق». («زەبۇر» 14- باب، 3- ئايەت)
ئىنجىلنىڭ يەنە بىر يېرىدە، «ھەممىسى گۇناھ سادىر قىلدى» دېيىلىدۇ.

(«رىملىقلارغا يازغان خەت» 3- باب، 23- ئايەت) خۇدانىڭ بىز توغرىلىق قىلغان بۇ ھۆكۈمىدىن قارىغاندا، ھەممىمىز گۇناھ سادىر قىلدۇق. ئادەم ئاتىنىڭ پۈتۈن نەسلى مانا شۇ ئىتائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولدى. خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئۇيغۇن ياشىغان ھېچقانداق بىر ئادەم بالىسى چىقمىغاندى. لېكىن، ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ ئادەمئاتا نەسلىنىڭ ئاقىۋىتى بولغان گۇناھقا مۇپتىلا بولمىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا گۇناھنى يېڭىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكىدە ياشىغان ھاياتنى نامايەن قىلدى. ئىنجىلدا ئۇ توغرىلىق «گۇناھ سادىر قىلمىغان ۋە ئاغزىدا ھىيلە بولمىغان» دەپ يېزىلغان. (پېترۇس يازغان 1- خەت» 2- باب، 22- ئايەت) قۇتقۇزغۇچى ئەيسادىن باشقا ھەممە كىشى گۇناھقا پاتتى. شۇ ۋەجدىن گۇناھكارنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھتۇر.

## گۇناھنىڭ بەدىلى نېمە؟

ئىنجىلدا: «گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈمدۇر» دېيىلگەن. («رىملىقلارغا يازغان خەت» 6- باب، 23- ئايەت) ئادەمئاتا گۇناھ سادىر قىلغاندى، ئۇ روھى جەھەتتىن ئۆلدى ۋە خۇدادىن مەھرۇم قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئۆلۈمگە ئۇچرىدى. ئۇ شۇ ھامان ئۆلمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. بۇ ئىش بىز ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، بىزمۇ گۇناھلىرىمىز ۋەجىدىن ئۆزىمىزگە لايىق بەدەلنى تۆلىشىمىز لازىم. بىز تۆلەيدىغان بەدەل بولسا ئۆلۈمدۇر. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، گۇناھلىرىمىز ۋەجىدىن خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن قوغلىنىپ، ئوت دېڭىزىدا ئازاب چېكىمىز. بۇ چەكسىز ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز كېرەك. خۇدا رەھىمدىل بولغاچقا ئىنسانلارغا بۇ يولنى ئاتا قىلدى.

## قانداق قىلغاندا گۇناھتىن تازىلىنالايمىز؟

گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن، خۇدا پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن شاھىتلىق قىلغان ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى كرېست ئۈستىدە قىلىنغان ھەر خىل ئازابلار ئارقىلىق تارتتى. بۇ نۇقتىلارنى ئوقۇيلى:

1. ھەممىمىز گۇناھكارمىز. دۇنيادا گۇناھ سادىر قىلمىغان، پۈتۈنلەي

ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن توغرا ئىنسان يوقتۇر.

2. خۇدا مۇقەددەستۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ گۇناھقا كۆزىنى يۇمىدۇ:

«سېنىڭ كۆزلىرىڭ گۇناھلارنى تاماشە قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە مەسۇم، ناھەقلىقلارغا قارىيالمىغۇدەك دەرىجىدە پاكتۇر».
(«ھاباقۇق» 1- باب، 13- ئايەت)

3. ئەگەر گۇناھلىرىمىز ئەپۇ قىلىنمىسا، خۇدادىن ئەبەدىي يىراقلىشىپ قالىمىز:

«سىلەرنى تونۇمايمەن، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، ئەي يامان ئادەملەر!»
(«لۇقا» 13- باب، 27- ئايەت)

4. رەب ئەيسا گۇناھلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆلدى. شۇنداق، ئۇ پۈتۈنلەي گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆلدى.

5. خۇدا ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغىنىمىزدا بىزنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

«چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدىكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى». («يۇھاننا» 3- باب، 16- ئايەت)

خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ، قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشتۇر. گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان ئەيسانىڭ سىزنى ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلىڭ. ئۇ سىزنى قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

# ئون ئىككىنچى دەرس

## دۇئا ۋە ساۋاپ ئىشلار

### دۇئا ۋە ئىبادەت

ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان ئەڭ تەسىرلىك كۈچلەردىن بىرى ئىبادەتتۇر. لېكىن، ئىبادەت قىلىشتىن ئاۋۋال بەزى شەرتلەرنى ئورۇندىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1. دۇئا مۇۋاپىق بىر زاتقا قىلىنىشى كېرەك.

بۇتلار ئىبادەتنى بىلمەيدۇ. ياغاچ ئىلاھلار ئىبادەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئىبادەتنى بىلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان يېگانە زات ھەقىقىي ۋە ھايات خۇدادۇر. قۇتقۇزغۇچىنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئەۋەتكەن خۇدا ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم بولغان خۇدادۇر.

2. دۇئا سەمىمىي بولۇشى كېرەك.

خۇداغا باي بولۇش ئۈچۈن دۇئا قىلماق. بۇ خۇدانىڭ ئارزۇسى ئەمەس. خۇدا ئاڭلايدىغان دۇئالار مۇنۇلاردۇر:

ئا) «خۇدا! گۇناھكار بەندەڭگە رەھىمدىل بولغايسەن!»

ئە) «خۇدا! ھاياتىم ئۈچۈن ئويلىغانلىرىڭنى چۈشىنىشىمگە ياردەم قىلغايسەن!»

ب) «خۇدا! پاك ھايات كەچۈرۈشۈمگە ياردەم قىلغىنكى، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا شاھىت بولاي».

خۇدا يەنە مۇنۇ دۇئالارنى ئاڭلايدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ھەل قىلالمىغان ئىشلىرىمىزنى ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىزنى، ھاياتىمىزنىڭ ھەممە تەرىپىدە بىزگە يېتەكچى بولۇشنى خالايدۇ.

3. دۇئا خۇدانىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

«ئۇنىڭ تەلىپىگە، ئارزۇسىغا ئۇيغۇن تىلەكلەردە بولساق، ئۇ بىزنىڭ دۇئايىمىزنى ئاڭلايدۇ». («يۇھاننا يازغان 1-خەت» 5- باب، 14- ئايەت)

خۇدا قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ئىبادىتىنى ئاڭلايدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ئىبادىتىمىزگە شۇ ھامان جاۋاب قايتۇرماسلىقى، دۇئالىرىمىزنى تەلەپلىرىمىز بويىچە قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە دۇئالىرىمىزغا شۇ شەكىلدە جاۋاب بېرىدۇ.

4. دۇئا قۇتقۇزغۇچى ئەيسا نامىغا قىلىنىشى كېرەك. قۇتقۇزغۇچى ئەيسا خۇدا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ۋاستىچىدۇر. قۇتقۇزغۇچى:

> «مەيلى نېمە بولسۇن، مېنىڭ نامىم بىلەن تىلىسەڭلار مۇراد-مەقسەتلىرىڭلارغا يەتكۈزىمەن!» دېگەن. («يۇھاننا» 14- باب، 14- ئايەت)

سىز دۇئالىرىڭىزنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا بۇ ھەقتىكى شەرتلەرنى ئېسىڭىزدا تۇتۇڭ: ھەقىقىي خۇداغا دۇئا قىلىڭ، سەمىمىي بولۇڭ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن دۇئا قىلىڭ، قۇتقۇزغۇچى نامىغا دۇئا قىلىڭ.

## ياخشى ئىشلار

ياخشى ئىشلار كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھايات بولغانلىكى كىشى بىر يۈرۈش ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. بەزىلىرى كېسەل كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، بەزىلىرى كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىدۇ، يەنە بەزىلىرى دۈشمەنلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلاردۇر. بۇ ياخشى ئىشلارنىڭ مەيلى بىرى ياكى ھەممىسى بولسۇن سىزنى خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشقا ئېلىپ بارمايدۇ.

ئىنجىلدا ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىشى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىلگەن:

> «چۈنكى، سىلەر خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن سوۋغاتتۇر. سىلەر ھەرگىزمۇ ساۋابلىق ئىشلار

بىلەن قۇتقۇزۇلغان ئەمەس، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق». («ئەفەسلىكلەرگە» 2- باب، 8-، 9- ئايەتلەر)

چۈنكى، بۇ ساۋابلىق ئىشلارنى خۇدادىن بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇش چۈشەنچىسى بىلەن قىلساق، ساۋابلىق ئىشلىرىمىزنى شەخسىيەتچىل بىر نىيەت بىلەن بۇزغان بولىمىز.

سىز كىچە-كۈندۈز ساۋابلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسىڭىزمۇ، يەنىلا مەڭگۈلۈك دوزاخقا كىتىۋېرىسىز. خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىڭىزنىڭ بىردىنبىر يولى قۇتقۇزغۇچىغا ئېتىقاد قىلىشتۇر. قۇتقۇزغۇچى ئەيسانى ھاياتىڭىزنى ئىدارە قىلغۇچى، دەپ ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئۇنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاياتىڭىزنى تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك.

خۇدا مەنمەنلىكتىن ۋە كىبىرلىكتىن خۇرسەن بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشنى خالىغان كىشىلەرگە ھەقسىز بىر ئىلتىپات ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئىلتىپات نە دۇئا بىلەن، نە ئىشلەش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. بۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى قۇتقۇزغۇچىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. پەقەت بۇ يول بىلەنلا كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولالىشىڭىز مۇمكىن.

«چۈنكى، سىلەر خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن سوۋغاتتۇر. سىلەر ھەرگىزمۇ ساۋابلىق ئىشلار بىلەن قۇتقۇزۇلغان ئەمەس، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق».

# ئون ئۈچىنچى دەرس

## كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەر

ھەممە كىشى دېگۈدەك كەلگۈسىدە قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشنى خالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى پال سالدۇرۇش بىلەن بىلىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن، خۇدا بىزنىڭ پال سالدۇرۇشىمىزنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، پالغا ئىشەنگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى شەيتاننىڭ قورقۇنچلۇق ئىسكەنچىسىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق تاشلاپ بەرگەن بولىدۇ. كەلگۈسىنى پەقەت خۇدا تەپسىلىي بىلىدۇ. خۇدا بىلىشىمىزگە تېگىشلىك كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەرنى بىزلەرگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشى

خۇدا بىزگە ئېيتقان ئىشلاردىن بىرى كەلگۈسىدە قۇتقۇزغۇچى ئەيسانىڭ ئۆز خەلقى ئالدىغا كېلىشىدۇر. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. بىز قۇتقۇزغۇچى ئەيسانىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەگەر ئۇ بۈگۈن كەلسە سىز تەييارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ قايتا كەلگەندە، ئاندىن ئۇنىڭغا سېغىنىمەن دېسىڭىز بەكمۇ كېچىكىپ قالغان بولىسىز. ئۇ تېخى كەلمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىڭىز كېرەك. سىز نېمە ئۈچۈن ھازىر ئېتىقاد قىلمايسىز؟

## ئەرشتىكى ئاق رەڭلىك ئۇلۇغ تەخت

كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋەقەلەردىن بىرى ئەرشتىكى ئاق رەڭلىك ئۇلۇغ تەختنىڭ ئالدىدا سوئال-سوراق قىلىنىشىدۇر. ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى، دەپ تونۇمىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرشتىكى ئاق تەختنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇلار قۇتقۇزغۇچىنى كۆزگە ئىلمىغان ياكى رەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. ئەرشتىكى ئاق رەڭلىك ئۇلۇغ تەختنىڭ ئالدىدىكى كىشىلەر دوزاخقا تاشلىنىدۇ. سىزمۇ ئۇ يەردە بولۇشنى خالامسىز؟ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچىم، دەپ تونۇمىسىڭىز قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرۈڭ! (ئىنجىل: «ۋەھىي» 20- باب، 11-، 12-، 13-، 14-، 15- ئايەتلەر)

# دوزاخ

دوزاخ قورقۇنچلۇق بىر جايدۇر. مۇقەددەس ئىنجىلدىن قارىغاندا، دوزاخقا كىرىدىغان ئادەملەر ئازاپ، جەبىر ۋە ئۈسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. دوزاخ بىر قاراڭغۇ ئوت دېڭىزىدۇر. دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇ يەردە تۇرىدۇ.

«ئەي لەنىتىلەر، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار! ئىبلىس بىلەن ئۇنىڭ غالچىلىرىغا ھازىرلانغان مەڭگۈ ئۆچمەس ئوتقا كىرىڭلار!» («ماتتا» 25- باب، 41- ئايەت)

«ئۇلارنى قىينىغان ئىس-تۈتەكلەر توختىماي يۇقىراپ تۇرىدۇ.. كېچە-كۈندۈز ئارام بولمايدۇ». («ۋەھى» 14- باب، 10- ئايەت)

«لېكىن، قورقۇنچاق، ئىمانسىز، يىرگىنچ، قاتىل، زىناخور، سېھىرگەر، بۇتپەرەس ۋە يالغانچىلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۆزى گۈڭگۈرت بىلەن ياندۇرۇلغان ئوت دېڭىزىدۇر. مانا بۇ ئىككىنچى ئۆلۈمدۇر». («ۋەھى» 21- باب، 8- ئايەت)

دوزاخقا كىرىشتىن قانداق ساقلىنىشىڭىز كېرەك؟ سىز ئۆلگەندىن كېيىن قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت قالمايدۇ. ئەرشتىكى تەخت ئالدىدا بولغىنىڭىزدا بۇ چاغدا سىز قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئېتىقاد قىلماقچى بولسىڭىز، بەك كېچىكىپ قالىسىز. ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت بۈگۈندۇر! مانا ئەمدى قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىڭ. بۇنىڭ بىلەن دوزاختىكى قورقۇنچلۇق سوئال-سوراقتىن قۇتۇلىسىز. ھازىرنىڭ ئۆزىلا نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋاقتىدۇر. ئەيسانى ئېتىراپ قىلىش پەيتىدۇر.

# جەننەت

ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى، دەپ ئېتىراپ قىلغانلار بولسا، ئەبەدىلئەبەد جەننەتتە ياشايدۇ. جەننەت راھەتكە، سالامەتلىككە، خۇرسەنلىككە ۋە بەختكە تولغان ماكاندۇر. جەننەتتە خۇدا بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزدىن مەڭگۈ بەھرى ئالالايمىز. جەننەت ئىنسانىي ئارزۇلارغا قانىدىغان بىر جاي بولماستىن، بەلكى پاكلىق، قۇسۇرسىزلىق ۋە مۇقەددەسلىك ھۆكۈم سۈرىدىغان جايدۇر.

ئەمدى سىز چوقۇم بۇ ئىككىسىدىن بىرىدە تۇرۇشنى قارار قىلىڭ. جەننەتكە كىرىشنى خالامسىز؟ ياكى دوزاخقىمۇ؟

قاچان ئۆلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۆلسىڭىز قەيەرگە بارىسىز؟ جەننەتكىمۇ ياكى دوزاخقىمۇ؟ گەپ سىزنىڭ خۇدادىن گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىش-قىلماسلىقىڭىزغا باغلىق.

دوزاخقا كەتمەڭ!

جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇڭ، قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ھاياتىڭىزنى تاپشۇرۇڭ.

# ئون تۆرتىنچى دەرس

## بىردىنبىر يول

خۇدانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە قانچىلىك ئىشەنسەك، جەننەتكە بارىدىغان يولنىڭمۇ پەقەت بىر ئىكەنلىكىگە شۇنچىلىك ئىشىنىمىز. ئۇنداقتا، ئالدىمىزغا قويۇلىدىغان سوئاللار مۇنداق:

بۇ قايسى يول بولۇشى كېرەك؟
دۇئا ۋە ناماز يولىمۇ؟
ياق، ئەمەس.
سەدىقە بېرىش ۋە ساۋابلىق ئىشلارمۇ؟
ياق، ئۇمۇ كۇپايە قىلمايدۇ.
ھەمىشە توغرا ئىش قىلىشمۇ؟
ياق، ئەڭ زور تىرىشچانلىقلىرىمىزمۇ بىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارالمايدۇ.

ئۇنداقتا، جەننەتكە بارىدىغان يول قايسى؟

شۇبھىسىزكى دۇئانى، ياخشى ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىشنى رەت قىلمايمىز. لېكىن، «ئىنجىل»دا قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

> «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ». (ئىنجىل: «يۇھاننا» 14- باب، 6- ئايەت)

دېمەك، بىردىنبىر يول ئەيسا مەسىھمۇ؟ شۇنداق، ھەقىقەتەن خۇدانىڭ قىلغان ۋەدىسى بويىچە، جەننەتكە بارىدىغان بىردىنبىر يول ئەيسا مەسىھتۇر. ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان ياكى پەيغەمبەر جەننەتكە بارىدىغان يولنىڭ شەخسەن ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئەمەس. لېكىن ئۆلۈمدىن قايتا تىرىلگەن ئەيسا مەسىھ بۇنى ئېيتقانىدى. پەقەت قۇتقۇزغۇچى ئەيسا جەننەتكە بارىدىغان بىردىنبىر يولنى كۆرسەتكەنىدى. يول مانا شۇدۇر. قۇتقۇزغۇچى ئەيساغا ئەگەشمىسەك جەننەتكە كىرەلمەيمىز.

شۇنداق ئىكەن، ھازىر بىز ئەڭ مۇھىم قارارغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. يا مەڭگۈلۈك ھاياتقا، يەنى جەننەتكە بارىدىغان يولنى، ياكى مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە، يەنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تاللىشىمىز كېرەك.

خۇدا بىزدىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ـئېلىپ بارىدىغان يولنى تاللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ يولنى تاللىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئەسلا مەجبۇرلىمايدۇ. ئۇنى ئەركىن ئىرادىمىز بىلەن تاللىشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن شەيتان دوزاخ يولىنى تاللىشىمىزنى خالايدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە دوزاخ ئازابىنى چېكىشىمىزنى خالايدۇ. بىر قارارغا كېلىشتە تامامەن ئەركىنمىز. مەڭگۈ تۇرىدىغان جاينى ئۆزىمىز تاللىشىمىز، بۈگۈنلا بىر قارارغا كېلىشىمىز لازىم. چۈنكى «ئەتە كىم بار، كىم يوق» دېگەن گەپ بار. ئۆلۈم بىزنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تۇتۇۋالالايدۇ. ئەگەر گۇناھلىرىڭىزغا تـوۋا قىلىپ، ئەيساغا ئېتىقاد قىلسىڭىز، جەننەت يولىدا ماڭىسىز. بۇ ئىشتا كەسكىن بىر قارارغا كەلمىسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، يەنىلا ھالاكەت يولىدا تۇرغان بولىسىز. ئىنجىلنىڭ بىر يېرىدە خۇدا شۇنداق دەيدۇ:

«كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقىتتا نالەڭنى ئاڭلىدىم، نىجاتلىق كۈنى ساڭا شاپائەت قىلدىم. قاراڭلار، ھازىر دەل كۆڭۈلدىكىدەك چاغ، ھازىر دەل نىجاتلىق كۈنى». (ئىنجىل: «كورىنتلىكلەرگە يازغان 2ـ خەت» 6ـ باب، 2ـ ئايەت)

قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆلدى. چېكىدىغان ئازابلىرىڭىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. خۇدانىڭ ئادالىتىنى ئۆلۈمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. «تەۋرات»تا ئۇ توغرىلىق شۇنداق دەيدۇ:

«بىز خۇددى ئازغان قوي پادىسىدەك، ھەر قايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭدۇق، لېكىن پۈتۈن سەۋەنلىكلىرىمىزنى بىز ئۈچۈن رەب ئۆز ئۈستىگە ئالدى». («يەشايا» 53ـ باب، 6ـ ئايەت)

ئۆزى گۇناھسىز بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۈچۈن ئۆلگەن ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشىڭىز كېرەك. خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا: خۇدا! مەن بىر گۇناھكارمەن. پۈتۈنلەي

دوزاخقا لايىقمەن. ئەيسانىڭ گۇناھلىرىم ۋەجىدىن ئۆلگەنلىكىگە ۋە مېنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قايتا تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇنى قۇتقۇزغۇچىم، دەپ ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايمەن، - دەپ چىن دىلىڭىزدىن دۇئا قىلىشىڭىز لازىم. سەممىيەتلىك بىلەن شۇنداق دېسىڭىز نىجاتلىققا ئېرىشىسىز. قەلبىڭىزگە چەكسىز ئامانلىق، شاد-خۇراملىق، سالامەتلىك كېلىدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا مۇيەسسەر بولىسىز.

يېگانە خۇدا، يېگانە يول! شۇنداق، بۇ يول سىزنى خۇداغا يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي يولدۇر. باشقا پۈتۈن يوللار ساختا ۋە ئالدامچىدۇر. چۈنكى، مۇقەددەس كىتاب پەقەت مۇشۇ يولنى بايان قىلىدۇ.

قۇتقۇزغۇچى ئەيسا:

«ماڭا يېقىنلاشقانلارنى ئەسلا رەت قىلمايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. سىزگە خۇدا رەھمەت قىلغاي.